# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز باشلىغاندا قولىنى مۆرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرەتتى، رۇكۇغا تەكبىر ئېيتقاندا ۋە رۇكۇدىن ياندىغاندىمۇ شۇنداق كۆتۈرەتتى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز باشلىغاندا قولىنى مۆرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرەتتى، رۇكۇغا تەكبىر ئېيتقاندا ۋە رۇكۇدىن يانغاندىمۇ شۇنداق كۆتۈرەتتى ھەم «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە، رەببەنا لەكەلھەمدۇ» دەيتتى. سەجدىدە ئۇنداق قىلمايتتى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ناماز كاتتا ئىبادەت بولۇپ، تەندىكى ھەر بىر ئەزانىڭ خاس بىر ئىبادىتى بولۇپ، مىسالغا ئالساق ئىككى قول، ئۇنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىلىرى، تەكبىرەتۇل ئىھرام «نامازنى باشلىغاندىكى تەكبىر»دە قولنى كۆتۈرىدۇ، تەكبىر دېمەك؛ ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ئۈستۈنلۈك ۋە سەلتەنەت ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. «ئاللاھۇ ئەكبەر» بولسا؛ ھۆرمەت ئۈستۈنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى قولنى كۆتۈرۈش مۆرىسىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ، بارلىق رۇكۇلاردا شۇنداق كۆتۈرلىدۇ، يەنە رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندىمۇ ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ قويىدۇ، ھەممە رەكئەتتە شۇنداق بولىدۇ. مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە قول كۆتۈرمەيدىغان باشقا ۋاقىتلاردا كۆتۈرىدىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3095

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee